CN65-1042/I-W

2
2004



گۈزەل تۇرپان
يېزىش مۇسابىقىسى
ۋوزاقتا سىنتېزلىغان قىزلار

ئۇ ئادەملىكنى ھەققىدە ئويلىنىش
يېقىن دەۋرلەردىكى جۇڭگو ۋە سىرتقىلىقى ئامرىكا
تۇلەمچى ئەسىرلىرىم ۋە GDP

# تۇرپان

# 吐鲁番

# TURPAN LITERATURE

ISSN 1006-3803
6 >
9 771006 380007

دوكتور ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق

# كۇلتۇرنىڭ مەدەنىيەتتىن پەرقى ۋە مىللىي كۇلتۇر ①

كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرى ئۈستىگە نەزەرىيىۋى ئىزدىنىشىمىزنى سوتسىئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئايرىم بىر ماقالىمىزدا ② نىسبەتەن ئەتراپلىق بايان قىلغانىدۇق. بۇ سەۋەبلىك ئۇشبۇ ماقالىمىزدا ئاساسلىقى كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرى ۋە ھادىسىسىنى تېخىمۇ كونكرېت بىر شەكىلدە، مۇمكىن دائىرىدە ئاممىباپ تىل بىلەن ئىزاھلاش بىلەن بىرگە، مىللىي كۇلتۇر ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىمىز.

مىللىي كۇلتۇر ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە كونكرېت بىر شەكىلدە توختىلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. چۈنكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىدە بۇ ئاتالغۇلار ۋە ئۇلار قاپسايدىغان ساھە ئۈستىدە يېتەرلىك دەرىجىدە ئىزدىنىلمىگەن ياكى ئۇلار ئېنىق، بويىغا ئىشلەتمىگەن.

بىر جەمئىيەتكە تەۋە بولغان بارلىق پۈتۈن كىشىلەرنى بىر بىرىگە مەھكەم باغلايدىغان، يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر خىل ھەمكارلىقنى، ❝قايسى جەھەتتىن ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان قىممەت قاراشلىرى ۋە مۇئەسسەسەلەر ❞قايسى جەھەتتىن كۇلتۇر دېيىلىدۇ. بۇنداق مۇئەسسەسەلەرنىڭ يىغىندىسى شۇ جەمئىيەتنىڭ كۇلتۇرىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق كۇلتۇر بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇرغۇنلىغان ئېتىقاد ۋە ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. كۇلتۇر تۇغما بولمىغان، ئۆگىنىلىدىغان ھادىسىلەردۇر.

ئەگەر تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتىدىغان بولساق، كۇلتۇر «بىز» بىلەن «ئۇلار» نى پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، بىزنى «بىز» قىلغان قىممەت، قاراش، ئۆرپ ـ ئادەت... قىسقىسى، پەقەتلا «بىز»گە ئائىت بولغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىز، پەلسەپىمىز، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز... بىزنىڭ شايى ـ ئەتلەسلىرىمىز، مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز، گىلەملىرىمىز، مىللىي قول ھۈنەر ـ سەنئىتىمىز ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىمىز، ئۆزگىچە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىمىز، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشىمىز، سالام ـ سائەتلىرىمىز، كۈلۈش شەكىللىرىمىز، ئىستېتىك تۇيغۇلىرىمىز... ئۇيغۇر كۇلتۇرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بىر جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىنى باشقا جەمئىيەتلەرنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە باغلايدىغان مۇئەسسەسەلەر بولسا مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىدۇر. بۇ خىلدىكى مۇئەسسەسەلەرنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت دەپ ئاتالغان نەرسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

مەدەنىيەت ــ كۇلتۇرلەر ئارىسىدا ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىش يولى بىلەن بىر بىرىگە ئۆتكەن ۋە بۇ شەكىلدە ئورتاق ھالغا كەلگەن ئامىللاردۇر. بۇ ئەھۋالدا مەدەنىيەت مىللەتلەرنىڭ بىر بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ياكى ئوخشاش بولغان تەرەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كۇلتۇر بولسا، ئۇلارنى بىر بىرىدىن ئايرىيدىغان تەرەپلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

كۆرۈلگىنىدەك، مەدەنىيەت ــ مىللەتلەرگە ئورتاق قىممەتلەر سەۋىيىسىگە يۈكسەلگەن كۆزقاراش، ھەرىكەت شەكىللىرى ۋە ياشاش ۋاستىلىرىنىڭ تامامىدۇر. بۇ ئورتاق قىممەتلەرنىڭ مەنبەسى يەنىلا كۇلتۇرلەردۇر. مەسىلەن: «غەرب مەدەنىيىتى» دېيىلگەندە، دىنىي جەھەتتىن خرىستىئان جەمئىيەتلىرىنىڭ مەنىۋى، ئىجتىمائىي قىممەت قاراشلىرى بىلەن پوزىتىپ مۇسبەت بىلىمگە ئاساسلانغان تېخنىكىلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ھالبۇكى، غەرب مەدەنىيىتى چەمبىرى ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم مىللىي كۇلتۇرلىرى بار. گەرچە بۇ مىللەتلەر مۇسبەت بىلىم ساھەسىدە ئوخشاش كۆز قاراشتا بولسىمۇ، «تېخنىكا»لارنى يارىتىشتا ۋە ئىشلىتىشتە بىر ـ بىرىگە يېقىن يوللاردىن ماڭسىمۇ، ئۇلار پەرقلىق تىللاردا سۆزلىشىدۇ؛ ئادەتلىرى، ئەنئەنىلىرى، ئەخلاق قاراشلىرى، ئەدەبىياتى (شېئىرى، مەجەزى، ھەتتا لەتىپىلىرى)، مەسەللىرى، داستانلىرى، گۈزەل سەنئەتلىرى، فولكلورى، ھەتتا كىيىنىشلىرى بىر ئەمەس. ھەتتا ھەممىسى خرىستىئان دىنى ئىچىدە بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ دىنغا بولغان ئىخلاسى، تەقۋادارلىقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مانا بۇ پەرقلىق ئەقىدە، ئىشىنىش، مەيىل، كۆزقاراش، قوللىنىش ۋە مۇئامىلە شەكىللىرى ھەر مىللەتنىڭ كۇلتۇر ئامىللىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنداقتا، ھەر جەمئىيەت بىر كۇلتۇر ئىگىسى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەر كۇلتۇر ئايرىم بىر جەمئىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ③

ئوخشاشلا ئىسلام مەدەنىيىتى چەمبىرى ئىچىدە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق كۇلتۇرلىرى بولغان مۇسۇلمان مىللەت جەمئىيەتلىرى بار بولۇپ، بۇ مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ كۇلتۇرلىرى پەرقلىق بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، تەقۋادارلىقى، ھەتتا ئىبادەتگاھلىرىنىڭ شەكىللىرى، بىناكارلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر مۇنچە پەرقلەر مەۋجۇتتۇر. مەسىلەن: چۆلدە ياشايدىغان مۇسۇلمان ئەرەبلەر بىلەن بوستانلىقلاردا ياشايدىغان ئەرەبلەر؛ بوستانلىقلاردا ئولتۇراق ھالەتتە يا-

شايدىغان تۈركلەر بىلەن يايلاقلاردا قونۇپ ـ كۆچۈپ ياشايدىغان مۇسۇلمان تۈركلەر؛ فىلىپپىندە ياشايدىغان بىز مۇسۇلمان بىلەن ئىرلاندىيىدە ياشايدىغان بىر مۇسۇلمان. گەرچە ھەممىسى ئورتاق بىر ئىسلام مەدەنىيىتى ئىچىدە ياشىسىمۇ، ئۇلار پەرقلىق كۈلتۈر چەمبەرلىرى ئىچىدە ياشايدىغانلىقى سەۋەبلىك، دىنىي ئېتىقادى ۋە شەكىللىرى جەھەتتە نۇرغۇن پەرقلەر مەۋجۇت.

مەدەنىيەت ــــ پۈتۈن مىللەتلەر ئارىسىدا ئورتاق بولۇشى لازىم بولغان مۇسبەت بىلىملەر بىلەن تېخنىكىلىق ئەمەلىيەتلەرنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. بۈگۈنكى يەر شارىلىشىۋاتقان دۇنيادا غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرى بىلىمى دۇنيادىكى ئورتاق مەدەنىيەت ئاملى بولۇپ كۆرۈنمەكتە.

بەزى كۈلتۈرلەردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئامىللار، ئۇ كۈلتۈر تەۋە بولغان مىللەتلەرنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئورنىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن پەرقلىق كۈلتۈرلەر ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، بەزى مەدەنىيەت ئامىلىمۇ بولالايدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكا كۈلتۈرىدىكى پادىچى ئىشتىنى، كوكاكولا ۋە ماكدوناس (Mcdonalds)، كېنتاكى (KFC ) قاتارلىقلار بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھەر يېرىگە تارقالغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئايلاندى.

كۈلتۈر بىلەن مەدەنىيەت ئايرىمىسىنىڭ روشەن بىر شەكىلدە ئىزاھلىنىشى ھازىرغىچە بىزگە ياخشى ئاڭقىرىلمىغان بىر مۇنچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ سىرىنى يەشكەندەك بولىدۇ.

كۈلتۈرگە تەۋە بولغان ئامىللار ــــ پەقەت جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن شەخسلىرىدە ئۇيغۇر بىرلىكى ياكى ئىش ئايرىمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان، يەنى جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدىغان ياكى بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان مۇئەسسەسەلەردىن ئىبارەتتۇر. بىر مىللەتنىڭ ئەزالىرىنى ھېس ـ تۇيغۇ بىرلىكىدىن مەھرۇم قىلىدىغان ۋە ياكى ئىش تەقسىماتىغا توسالغۇ بولىدىغان مۇئەسسەسەلەر بولسا كۈلتۈرگە زىتتۇر. كوزموپولىت دېيىلىدىغان بىر سىنىپ باركى، ئۇلار يات ۋە نىسبەتەن مەدەنىي، تەرەققىي مىللەتلەرنىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرى ۋە تېخنولوگىيىسىدىن بەكرەك ئۇلارنىڭ ئىستېتىك، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى مەيىللىرىنى، ئومۇمەن ئادەت، مۇراسىم ۋە ئەخلاق ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىشقا تىرىشىدىغان بولىدۇ. يەنى مەدەنىيەت قوبۇل قىلدۇق دەپ، بۇ قالپاق ئاستىدا بىلىپ بىلمەي يات مىللەتلەرنىڭ كۈلتۈرلىرىنى تەقلىد قىلىشقا تىرىشىدۇ.

خەلق ئاممىسى بولسا، ئۆزىگە ئائىت مىللىي كۈلتۈرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يات مىللەتنىڭ كۈلتۈرىنى تەقلىد قىلىدىغان بۇ سىنىپنى ئۆز خىلىدىن كۆرمەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ياتلايدۇ. بۇلارمۇ (كوزموپولىتلار) يەپ ـ ئىچىش، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، ئۆيۈن ـ تاماشا ۋە باشقا جەھەتلەردە خەلق بىلەن بىرگە بولۇشنى ئۆزلىرىچە بىر خىل دەرىجىسى چۈشۈپ كېتىش دەپ ئويلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارنى بۈگۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ناھايىتى ئوچۇق بىر شەكىلدە كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

مىللىي كۈلتۈر ــــ مۇئەييەن بىر جەمئىيەتتىكى ھەركىم رازى بولغان، بىر ـ بىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تەبىئىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. ئۇنداقتا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى قىدىرىپ ئېنىقلىغىنىمىزدا، ئارىمىزدىكى ئىجتىمائىي چىقىشالماسلىقلار تەبىئىي ھالدا يوقىلىدۇ.

كۈلتۈر بولسا جەمئىيەتلەرنىڭ ئىچكى تەرەققىياتىدىن، مەدەنىيەت بولسا پەرقلىق كۈلتۈرلەرنىڭ ئارىلىشىشىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەدەنىيەت بىلەن كۈلتۈرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى شەكىلدە شەرھلەش مۇمكىن:

1. بىر جەمئىيەتتە كۈلتۈرنىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەتنىڭمۇ تەرەققىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. بىر قەۋمگە ئائىت كۈلتۈرنىڭ تەرەققىياتى بۇ قەۋمنى تەشكىل قىلىدىغان گۇرۇپپىلار ئارىسىدا، بۇ گۇرۇپپىلارغا ئائىت بولغان كۈلتۈرلەرنىڭ بىرلىشىشى بىلەن پەيدا بولىدۇ.

2. قەدىمكى جەمئىيەتلەردە مەدەنىيەتنىڭ بەكرەك تەرەققىي قىلىشى كۈلتۈرنىڭ ۋەيران بولۇشىغا، پارچىلىنىپ تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان. يەنى ئوخشاشلىقنىڭ ئېشىپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

3. مەدەنىيەت جەھەتتىن تۆۋەن بولغان، پەقەت كۈلتۈر جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان بىر قەۋم، مەدەنىيەت جەھەتتىن يۈكسەك، ئەمما كۈلتۈر جەھەتتىن بۇزۇلۇشقا باشلىغان دۆلەتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.

4. مۇئەييەن بىر ئىمپېرىيالىست دۆلەت ھاكىمىيىتى ئىچىدە قالغان، پەرقلىق بىر جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى ئۆز تىلىنى ۋە كۈلتۈرىنى يوقىتىپ، ھۆكۈمران مىللەتنىڭ تىلىنى ۋە كۈلتۈرىنى قوبۇل قىلىپ كەتكەن تەقدىردە، ئەگەر بۇ جەمئىيەتتىكى خەلق ئاممىسى ئۆز ئىچىگە كۈلتۈرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بولسا، ۋاقتى كەلگەندە پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا مىللىي كۈلتۈرىنى تەكرار ئۆزلەشتۈرۈپ تىرىلدۈرەلىشى مۇمكىن.

5. بىر جەمئىيەت مىللىي تىلىنى ۋە كۈلتۈرىنى خەلق ئاممىسى ئارىسىدىمۇ يوقاتقان بولسا، كۈلتۈرىنى تەكرار تىرىلدۈرۈش ۋە يېڭىدىن تىرىلىشكە ئۆتۈشتىن ئەبەدىي مەھرۇم بولىدۇ.

مەسىلەن: ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ مەدەنىي گۇرۇپپى (سەرخىللىرى) سۈنئىي بىر تىل (ئوسمانلىچە) ۋە يات بىر ۋەزىن بىلەن بىر مۇنچە يات ئېستېتىك قاراشلارنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، خەلق ئاممىسى مىللىي تىلىنى، مىللىي ۋەزىننى، مىللىي ئېستېتىكىنى مۇھاپىزەت قىلغانىدى. بۇ سەۋەبلىك تۈركلەر جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىن كېيىن، ئازغىنە بىر تىرىشچانلىق بىلەن مىللىي كۈلتۈرىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ۋە نىزاملىرىنى كۈچلۈك ھالغا ئەپكەلدى.

مىللىي كۈلتۈرنىڭ مەنبەسى نەسلىدىن ئۆگىنىش يولى بىلەن ئۆتىدىغان تۇيغۇ، تەپەككۇر ۋە پائالىيەت شەكىللىرى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قەدىمكى تۈرك كۈلتۈرى بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ ئېتىقاد، قىممەتلىرى سىستېمىسى، دۇنيا قارىشى ۋە ھەرىكەت شەكىللىرى كۈلتۈرىمىزنىڭ توقۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئە-

سىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن جىددىي كۇلتۇر ئالمىشىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئالمىشىش ھادىسىسى، دەسلىپىدە زىيالىي ۋە تىجارەتچى تەبىقىسىدە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ تەسىرنىڭ مەنبەسىنىڭ غەرب ئىكەنلىكى، پەقەت ئورتا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى تۈرك تىللىق خەلقلەر ئارقىلىق بىزگە كەلگەنلىكى بىلىنمەكتە. پەقەت ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى جىددىي ۋە مەجبۇرىي كۇلتۇر ئۆزگەرتىلىشى 1950 ـ يىلىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ جىددىي كۇلتۇر ئۆزگىرىشى ۋە ئۆزگەرتىلىشى خەلق قاتلىمىدىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەن بىرلىكتە، زىيالىي قاتلىمىدا كەسكىن بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى كېيىنكى يىللاردا روشەنلەشتى. كۈنىمىزدە زىيالىي قاتلىمىغا خاس بولغان «ئۈست كۇلتۇر» شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرمەكتىمىز.

بۇ خىل «ئۈست كۇلتۇر»نىڭ خەلق ئاممىسىدا ئومۇمىي بولغان كۇلتۇر بىلەن خېلىلا پەرقى بارلىقى كۆرۈلمەكتە. بۇ گۇرۇپ يات كۇلتۇرلەرنىڭ تەسىرىدە قالغان بولۇپ، ئۇلاردىكى ھەر خىل ئولتۇرۇشلار، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ياشاش شەكلى، تۇرمۇش پەلسەپىسى، تەپەككۇر شەكلى، تىل ئىشلىتىش ئادىتى، كىيىنىش ۋە ياسىنىش شەكىللىرىنىڭ ئەسلىي كۇلتۇرىدىكى شەكلى بىلەن پەرقلىنىش، ئايرىلىشىش يۆنىلىشىگە قاراپ ماڭغانلىقى كۆرۈلىدۇ. بۇ ئەھۋال بۇ خىل زىيالىي قاتلىمىنىڭ يات مىللەتلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك كۇلتۇرلىرىنىڭ تەسىرىدە قالغانلىقى ياكى بۇ خىل كۇلتۇرنى ئۆزىگە ئۈرنەك شەكلىدە قوبۇل قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

مىللىي كۇلتۇر ــ باشقا يات كۇلتۇرلەرنىڭ تەسىرىدە قالمىغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۇلتۇرى بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى كۇلتۇر ئامىللىرىنىڭ تامامىنى تەشكىل قىلىدۇ. دىن، ئەخلاق، ئەدەبىيات، قانۇن، ئېستېتىكا، مىللىي تىل كۇلتۇرنىڭ ماددىي تەرەپلىرىنى تەشكىل قىلسا، ئىقتىساد، ھۈنەر ـ سەنئەت ماددىي تەرىپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەپسانىلەر، داستانلار جەمئىيەتنىڭ كۇلتۇر كودلارىنى، ئىزچىللىقىنى بەلگىلەيدىغان بىر مۇنچە ئىجتىمائىي قىممەتلەر كۇلتۇر ئەقىدىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن دەدە قورقۇت كىتابى ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ئائىلە قۇرۇلمىسىنى، ئەر ـ ئايال دەرىجىلىرىنى، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىق سىستېمىسىنى، دىنىي ـ ئېتىقاد ۋە قىممەتلەر مەيلىنى، ئىجتىمائىي دەرىجە ۋە رول پەرقلىشىشىنى، ئەخلاق زىنىنىتى، تەبىئەت ئۈستى قىممەت ۋە ئوبرازلار، ياخشى ـ يامان كاتېگورىيىلىرىنى، ئېستېتىك قىممەتلىرى بىلەن كىشىلەر ئارا مۇئامىلە ۋە تۇتېم قېلىپلىرىدەك كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجتىمائىي پەلسەپە ۋە دۇنيا قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بۇ جەھەتتىن مىللىي كۇلتۇرىمىزنىڭ مۇھىم تەرەپلىرى، توشۇغۇچى ئامىللىرى خەلق ئارىسىدا ياشايدىغان ۋە فولكلورىمىزنىڭ مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدىغان داستانلاردا ۋە مەسەللەردە سىمۋوللىشىدۇ. بۇلار بىزنىڭ كىشىلىك دۇنيايىمىزغا، ئەقىدە ۋە قىممەت قاراش تەرتىپىمىزگە يۈنىلىش بەلگىلەپ بېرىدۇ.

چۈنكى بۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتى، خەلقنىڭ ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە ئۇلارنى داۋام قىلدۇرۇشى، مەۋجۇتلىقىنىڭ بىر پارچىسى قىلىشى بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ. خەلق ئۇلار بىلەن ئوخشاشلاشقانچە، ئۇلارمۇ جانلىقلىقىنى داۋام قىلدۇرىدۇ. بۇ خىل كۇلتۇرەل ئېلىم ـ بېرىمنى، بالىنىڭ «مەنلىك»ىنىڭ شەكىللىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. ئۇنداقتا داستانلار، ئەپسانىلەر ۋە مەسەللەردىكى مىتلەر ژارگونلار، مۇئامىلە شەكىللىرى، سىمۋوللار ئىجتىمائىي مەنلىكنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغاندەكلا، جەمئىيەتكە ئائىت ئۆلچەملىك كۇلتۇر قىممەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

دەدە قورقۇت، چىن تۆمۈر باتۇر، ماناس خەلقنىڭ پۈتۈن خۇسۇسىي سۈپەتلىرىنى، يىگىتلىكىنى، ساداقىتىنى، دىيانىتىنى بىزگە بىر مىراس شەكلىدە ئۆگىتىدۇ.

قىسقىسى، داستانلار، فولكلور قىممەتلىرى، مەسەللەر، ھېكايىلەر، چۆچەكلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، لەتىپىلەر، چاقچاق ۋە مەسخىرىلەر مىللىي كۇلتۇرىمىزنىڭ توقۇلمىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

سۈنئىي مۇزىيلار قۇرۇش ئارقىلىق، كۈنىمىزدە بۈنىڭدىن 200 يىل بۇرۇنقى ئۆتمۈشىگە تارىخىيلىق ئىگە قىلدۇرۇشقا تىرىشۋاتقان ئامېرىكىلىقلارغا قارىغاندا، مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاز مىڭ يىل بۇرۇنقى ئۆتمۈشىگە ۋە ئۇنىڭ كۇلتۇر سىستېمىسىگە باغلايدىغان دەدە قورقۇت كىتابى تۈرك تارىخىنىڭ سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھاتىدا قۇتادغۇ بىلىك، دىۋانە لۇغەتىت تۈركتىن كېيىن قالسىلا ئۈچىنچى مۇھىم مەنبەنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىنسان جەمئىيەتلىرىنىڭ ھايۋان گۇرۇپپىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم تەرىپى، ئىنسان جەمئىيەتلىرىنىڭ كۇلتۇرىنىڭ بولۇشىدۇر. چۈمۈلىلەر گۇرۇپپىسىدا ئىش بۆلۈمى ۋە ئىشچىلارنىڭ باشقا ـ باشقا سىنىپلارغا ئايرىلغان بىر تەبىقىلىشىش بار. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ھەر بىر چۈمۈلىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدا بار بولۇپ، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتسە ئۆتسۇن ئۆزگەرمەيدۇ. ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار مىليونلارچە يىللاردىن بېرى چۈمۈلىلەرنىڭ ئوخشاش بىر شەكىلدە ياشىغانلىقى ۋە پۈتۈن ئۆمرى بويىچە يېڭى بىر نەرسە ئۆگىنەلمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. چۈنكى چۈمۈلىلەرنىڭ يېڭىدىن بىر نەرسە ئۆگىنىشىگە ئېھتىياجلىرى يوق. كۇلتۇر بولسا ھەرىكەت، قىلىق ۋە مۇئامىلىلەرنىڭ، ئۆرنەكلەرنىڭ ئۆگىنىلىشى ۋە ئۆگىتىلىش يولى بىلەن مەۋجۇدىيىتىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

ھەر ئىنسان گۇرۇپپىسى ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئايرىيدىغان تەپەككۇر، ھەرىكەت ئۆرنەكلىرىنى مۇئەييەن زامان تىلىمى ئىچىدە پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ كونكرېت ئۆرنەكلەر كۇلتۇرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ كونكرېت ئۆرنەكلەر مۇئەييەن بىر گۇرۇپپىنىڭ ھاياتىدا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئىچىدە، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك بىر شەكىلدە ئۆگىنىلىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ، كۇلتۇر جەمئىيەت تەرىپىدىن نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىجتىمائىي مىراس بولۇپ قالىدۇ.

بۈگۈنكى كۈلتۈرى ئۆتمۈشتىكى نەسىللەرنىڭ تىرىششىنىڭ، تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كۈنىمىزدە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىلىرىگە كۆرە ئۆزگىرىدۇ، بېيىيدۇ. كۈلتۈر ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا، ئەنئەنىلەر بىلەن مەۋجۇدىيىتىنى داۋام قىلدۇرىدۇ. كۈلتۈرنىڭ ئىزچىللىقى، شەخسنىڭ گۇرۇپپىدىن ئۆگىنەلەش قابىلىيىتىگە تايىنىدۇ. كۈلتۈر تۇغما بولمىغان، كېيىن ئۆگىنىلگەن نەرسىدۇر. بۇ سەۋەبلىك، مۇئەييەن بىر شەخس قايسى كۈلتۈردە تۇغۇلسا، يېتىشسە، ئۇ كۈلتۈردىن بەھرە ئالىدۇ ۋە ئۇ كۈلتۈرگە تەۋە بولىدۇ. تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتىدىغان بولساق، مۇئەييەن بىر شەخس ئىرقىي ۋە ئېتنىك جەھەتتىن باشقا بىر مىللەتتىن بولۇپ، ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەت ۋە كۈلتۈر ئىچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلمەي، باشقا مىللەت كۈلتۈرى ئىچىدە يېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ زېھنىيىتى، تەپەككۇرى، قىسقىسى مىللىيلىقى تامامەن ئۇ كۈلتۈر ۋە جەمئىيەتكە تەۋە بولغان بولىدۇ. يەنى بىراۋ قايسى جەمئىيەتنىڭ تەربىيىسىدە، كۈلتۈرىدە يېتىلسە، شۇ جەمئىيەت ۋە كۈلتۈر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولىدۇ.

يۇقىرىدا نىسبەتەن ئەتراپلىق توختالغان كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى «كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات» تېمىسىدىكى ماقالىمىزدا نەزەرىيىۋى جەھەتتىن شەرھلەنگەنىدى. ئۇشبۇ ماقالىمىزدا، بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ ۋە بۇ ئاتالغۇلار قاپسىغان مەزمۇنلارنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق (ئانتروپولوگىيە) ئاتالغۇسى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ خۇسۇسنى تەكرار ـ تەكرار تەكىتلىگەندۇق. ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلىرى تەرەققىياتىنىڭ خېلىلا ئارقىدا قالغانلىقى سەۋەبلىك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى ئىلىم ياكى كەسىپ تېخىچە بىزدە ئومۇملاشمىغان. بۇ تۈپەيلى بۇ ساھەنىڭ ئەھلىلىرىمۇ ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلىرى قوشۇنىدىن تېگىشلىك ئورنىنى ئالالمىغان؛ بۇ ساھەگە ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ شەرھلىنىشىمۇ بوش قېلىپ، يات تىللاردا خېلى بۇرۇنلا كەسپىي مەنىسى يۈكلىنىپ، ئومۇملىشىپ بولغان بۇ سۆزلەرنىڭ تىلىمىزغا قانداق ئېلىنىش مەسىلىسى، تەرجىمانلارنىڭ ماھارىتى ياكى قابىلىيىتىگە، تېخىمۇ توغرىسى ئۇلارنىڭ «تەرجىمە قىلىش»ىغا ئامانەت قىلىنغان.

بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى، تىلىمىزدىكى تەرجىمە خاراكتېرىدىكى يېڭىچە ئاتالغۇلار، تىلدىكى قوپاللىشىش، ئاتالغۇلارنى دەل ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك، ئۇزۇن بولۇپ كېتىپ خەلقنىڭ قوبۇل قىلالماسلىقى ۋە تىل نامراتلىشىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىرگە، تىلىمىزنىڭ پەلسەپىۋىلىكىگە، ئەپچىللىكىگە، سىلىق ۋە جەلپكارلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز.

يەر شارىلىشىۋاتقان دۇنيادا، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى تېز سۈرئەتتە تاماملاش يولىدا ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزدىكى ئاساسلىق تىللارنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر تىلى، «غەربنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ④ » ستراتېگىيىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى جەريانىدا كەسكىن رىقابەتلەرگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ خىل رىقابەت، مەسئۇلىيەتچان ئۇيغۇر گىراژدانلىرى تەرىپىدىن چوڭقۇر ھېس قىلىنماقتا. مۇشۇنداق پەيتتە، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنلىرى تەتقىقاتى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلارنىڭ، تىلىمىز ۋە ئىجتىمائىيىتىمىزدىكى ئېنىقسىزلىقلارنىڭ ئۆگىتىلىشى؛ تىلىمىزنىڭ پەلسەپىۋىلىكىنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىي تىلنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ ئېشىشى، يات تىللار، خۇسۇسەن ياشام كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان خەنزۇ تىلى ئالدىدىكى پاسسىپ ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشى جەھەتتە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بولسا كېرەك. خۇسۇسەن، تىلشۇناسلار تەتقىقاتىنى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق (سوتسىئو ـ لىنگۋىستىك/Socio- lingguistic تەتقىقاتى ساھەسىگە يۈرۈشى شەرت. ئەلۋەتتە ئۇيغۇر تىلىدا قانچە كېلىش ياكى مەيلىلەرنىڭ بارلىقىنى ياكى مۇئەييەن بىر قوشۇمچىنىڭ رولىنى، ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىش كېرەك، ئەمما تىلنىڭ مەۋجۇدىيىتى، ئىپادىلەش كۈچى، سۆز ياساش قابىلىيىتى... قاتارلىق جەھەتلەر بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ھەل قىلغۇچ بولسا كېرەك. تىلچىلىرىمىز ئەگەر بۇنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن بولسا، ياكى يەتكەنلەر تەتقىقاتىنى بۇ ساھەدە ئېلىپ بارمايۋاتقان بولسا، بۇ بەكلا ئويلاندۇرغۇچى بىر مەسىلە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ زامانىمىزدىكى تىلشۇناسلىق ئېقىملىرى ۋە يۆنىلىشىدىن بەكلا ئۇزاقلىقىنى، يەنىلا رۇس ئەندىزىسىدىكى ⑤ تۈرك تىللىرى تەتقىقاتىنى 21 ـ ئەسىردە سادىقلىق بىلەن داۋام قىلىۋاتىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقارساق خاتا بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇلار يىللاردىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئىملا ئۆزگەرتىش ـ يېڭىلاش خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرسە، مۇمكىن بولسا مۇقىم ئۆزگەرمەس ئىملادىن بىرنى تۈزۈۋېتىپ، بوش ۋاقىتلىرىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەتقىق قىلىنىپ باقمىغان ساھەلىرىگە بۇرۇسا ئىلىم نۇقتىسىدىنمۇ، مىللىي مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت نۇقتىسىدىنمۇ بەكلا پايدىلىق ئىش قىلىشقان بولۇر ئىدى.

خۇددى ئا. جالالىدىن ئېيتقاندەك ⑥ ، تىلىمىزنى پەلسەپىۋى، ئىلمىي، نەزەرىيىۋى تىل دەرىجىسىدە كامالەتكە يەتكۈزۈش ئالدىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئا. جالالىدىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقىنىمىزدەك، تىل مەجرۇھلۇقى دىل مەجرۇھلۇقىدىن نىشاندۇر. ئۇنىڭدىن كەلگەن پىكرىي كېكەچلىك بىزنى خار ۋە زەبۇنلۇقنىڭ قارا گىردابىغا ئاپىرىدۇ. نەتىجىدە بىز ئاھانەتلىك بىر ئەۋلاد سۈپىتىدە تارىخنىڭ لەنەتلىك سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىمىز.

تىل ـ بىز توختالماقچى بولغان تېمىمىز كۈلتۈردىن ئىبارەت مىللىي مەۋجۇدىيەت تەمىناتىنىڭ نەسىللەردىن نەسىللەرگە يەتكۈزۈلۈشىدە ئەڭ مۇھىم رولنى ئوينايدۇ. بۇ سەۋەبلىك، تىل مىللىي كۈلتۈرنىڭ ئەڭ مۇھىم پارچىسى، كېيىنكى نەسىللەرگە يەتكۈزگۈچىسى ۋە جەمئىيەتتىكى سىمۋوللار سىستېمىسى-

نىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر. قىسقىسى، تىل مىللىي كۇلتۇرنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ سەۋەبلىك تىل ئۇستىدىكى پىلان ۋە تەتقىقاتنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان....لىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى، بىر مىللەت كۇلتۇرىنىڭ مەۋجۇدىيىتى، ئىزچىللىقى، ھەتتا بايلىقى نۇقتىسىدىن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز جۇڭگو بانكىسى تەرەپىدىن بېسىلغان خەلق پۇلىنىڭ 1953 ـ يىلىدىكى باسمىسى بىلەن 1999 ـ يىلىدىكى باسمىسىنىڭ ئۇستىدىكى ئۇيغۇرچە يېزىقتا نەزەر سالىدىغان بولساق، ناھايىتى ئويلاندۇرغۇچى بىر مەنزىرىنى كۆرىمىز.

غەرب تىللىرىدا Cultur/ Kultur دەپ ئاتىلىپ، خەنزۇ تىلىدا 文化 دەپ ئاتالغان، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئانتروپولوگىيە ئىلمى تەرىپىدىن مۇئەييەن مەنا يۈكلەنگەن بۇ ئاتالغۇنى، تىلىمىزغا كۇلتۇر دەپ ئېلىشنىڭ ئەڭ ئۇيغۇن بولۇدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدۇق. ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندى ئابدۇرېھىم دۆلەت تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن ئەسەرگە يازغان كىرىش سۆزىدە، بۇ ئاتالغۇ ئۈچۈن ئەرەب تىلىدىكى «ھەزارەت» ئاتالغۇسىنى ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

بىزنىڭچە، تىلىمىزدا «كۇلتۇر»نى قانداق ئاتالغۇ بىلەن ئاتاش بەكلا مۇھىم ئەمەس. مۇھىم بولغان نەرسە، ئىجادىيىتىمىزدە بار بولغان، ئەمما كۆنىمىزدە تېخىچە ئايرىم ئاتالغۇ بىلەن ئاتاپ، تېگىشلىك مەنا يۈكلەنمىگەن، غەرب تىللىرىدا Cultur/ Kultur دەپ ئاتىلىپ، خەنزۇ تىلىدا 文化 دەپ ئاتالغان ھادىسىنىڭ ئۇرغۇلىنىشى ۋە گەۋدىلەندۈرۈلىشىدۇر. بۇ ھادىسىنىڭ ئالدى بىلەن مىللەت زىيالىيسىنىڭ مېڭىسىدە ئىدراك قىلىنىشى، ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىنىشى، ئاندىن ئاۋام قاتلىمىدىمۇ پەرق ئېتىلىشى بولسا، بىزنىڭ ئەڭ بىرىنچى قايغۇمىز ۋە غېمىمىزدۇر.

بۇرۇن مۇنازىرىگە سېلىنمىغان تېما ئەمدىلىكتە ئۇيغۇر ئىجتىمائىي پەنچىلىرى تەرىپىدىن مۇنازىرە قىلىنغىلى تۇردى. بۇنىڭ ئۆزىلا ئەڭ ياخشى باشلانغۇچ ۋە باشلىنىش. مۇقەررەركى، ھەر باشلىنىشنىڭ بىر ئاخىرلىشىشى بولىدۇ. زىيالىيلىرىمىز، خۇسۇسەن بۇ ساھەنىڭ نوپۇزلۇقلىرى ۋە ئەھلىلىرى يېتەرلىك ئىگىزلىك، لوگىكىلىق، ئەڭ مۇھىمى ئىلمىي مۇنازىرىسى بىلەن تىلىمىز، دىلىمىز قۇرۇلمىسىغا ئۇيغۇر ئاتالغۇغا تېگىشلىك مانا يۈكلەپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغۇسىدۇر.

ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاغامىز بىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنىڭ ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە تۇنجىلىقىنى، مۇھىملىقىنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئاتالغۇ مەسىلىسىدە پەرقلىق كۆزقاراشتا بولىدۇ. بۇ خىل پوزىتسىيىگە تامامەن ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمىز:

1. تەرىپىمىزدىن تەشەببۇس قىلىنغان «كۇلتۇر» ئاتالغۇسى ۋە بۇ ئاتالغۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنا، تامامەن جەمئىيەتشۇناسلىق (سوتسىئولوگىيە) ۋە ئىنسانشۇناسلىق (ئانتروپولوگىيە) ئىلمىمىزگە ئائىتتۇر. ئۇشبۇ ماقالىمىزدىكى ئاساسىي مەقسەت نۇقۇل ئاتالغۇ بەلگىلەشلا ئەمەس.

2. ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك تىللىق خەلقلەرنىڭ تىل تارىخىدىكى يات تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئەنئەنىسىگە قارايدىغان بولساق، مۇقىم بىر ئىزچىللىقنىڭ يوقلۇقى كۆرۈلىدۇ. يەنى ھەر دەۋردە، شۇ دەۋردىكى ئۆزلىرىدىن تەرەققىي قىلغان مىللەت تىللىرىدىن سۆز قوبۇل قىلىش خاھىشىنىڭ ئاساسىي ئېقىم ئىكەنلىكى كۆرۈلىدۇ. ھون، كۆك تۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇر، ھەتتا ئىدىقۇت دەۋرلىرىدە خەنزۇ تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىنغان بولسا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئاساسلىقى ئەرەبچە ـ پارسچىدىن سۆز قوبۇل قىلىنغان. دەۋرىمىزدىكى تەرەققىي مىللەتلەرنىڭ غەرب مىللەتلىرى ئىكەنلىكى مۇنازىرىسىزدۇر. 20 ـ ئەسىردىن كېيىن تىلىمىزغا كىرگەن يات سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك (رۇسچە ۋاستىسى بىلەن) غەرب تىللىرىدىن كىرگەنلىكى بولسا بىر ئەمەلىيەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى زىيالىي قاتلىمىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەرب تىللىرىدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر خەۋىرى بار بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتىدىغان بولساق، ئەگەر ئۆز تىلىمىزدا كۇلتۇر ھادىسىسىنى ئىپادە قىلالىغۇدەك ئاتالغۇ دەماللىققا تېپىلماي، يات تىللاردىن ئېلىشقا توغرا كەلگەندە، غەرب تىللىرىدىكى Cultur/ Kultur تىلىمىزنىڭ فونېتىكىسىغا مۇۋاپىق شەكلى بولغان «كۇلتۇر» نى قوبۇل قىلغىنىمىز توغرا بولسا كېرەك.

3. ئۇيغۇرلار ج ك پ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دەۋردىن ئىبارەن ئەسلىدە تەۋە بولغان تۈرك ـ ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرىدىن سىيرىلىپ چىقىپ، كوڭفۇچىيۇس (كوڭزىچى) مەدەنىيەت چەمبىرىگە كىرىشكە باشلىغان. زامانىۋىلىشىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا، باشقا تۈرك ـ ئىسلام مىللەتلىرىدەكلا غەربلىكلەرنىڭ، خۇسۇسەن غەرب تەسىرىدە زامانىۋىلىشىۋاتقان رۇس ئەندىزىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىغان. كېيىنلىرىدە بولسا، يەنە غەربنىڭ تەسىرىدە نىسبەتەن جۇڭگوچە تەرەققىي قىلىۋاتقان خەنزۇلارنىڭ تەسىرىدە زامانىۋىلىشىشقا باشلىغان. ئوتتۇرا ئەسىردىن يېقىنقى زامانغىچە بولغان ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى داۋاملىق ئاجىزلاشقا باشلىغان. ياكى ئۇلار بىلەن بولۇدىغان ھەر خىل ئالاقىلار، خۇسۇسەن مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بەكلا سۇسلىشىشقا باشلىغان. بۇنىڭدا چېگرالارنىڭ روشەن سىزىقلار بىلەن سىزىلغانلىقى، مەركەزىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنۇملۇك بىر شەكىلدە كۇلتۇر سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ جەريانىنىڭ تېخىمۇ روشەنلىشىشىگە تۈرتكە بولغان.

4. كېيىنكى ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر قاتلىمىدا بارغانسىرى تېزلىشىش ھادىسىسى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. بۇ ھادىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن بىرلىكتە، ئۇيغۇر زېھنىيىتى، پىكىر ـ تەپەككۇرلىرىدا داۋاملىق بىرىكىش ـ جۇغلىنىش، تەكرار يېڭىلىنىش ۋە چوڭقۇرلىشىشنىڭ بولماسلىقى سەۋەبلىك، پەلسەپىۋى

نامراتلىق ھادىسىسى روشەنلەشكىلى تۇرغان، بۇ ھالنىڭ ئېلىمىزدە روشەن ئىپادىسىنى كۆرسەتكىلى تۇرغانلىقىنى قوش تىللىق مائارىپ تەربىيىسى دولقۇنى تېز سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈنىمىزدە كۆرۈپ يەتمەكتىمىز.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن سەۋەبلەردىن باشقا يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، يات تىللاردىن قوبۇل قىلىنىدىغان سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى، تىل قانۇنىيىتىنى خۇسۇسەن فونېتىك قۇرۇلمىسىنى بۇزىدىغان ـ بۇزمايدىغانلىقى مەسىلىسىدۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم بىر قانۇنىيەت ــ تاۋۇشلاردىكى لەۋلىشىش ياكى لەۋلەشمەسلىك مەسىلىسىدۇر.

بىز ئوتتۇرىغا قويغان «كۇلتۇر» ئاتالغۇسى مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ، ياكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بولسۇن، فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە تامامەن ئۇيغۇنىدۇر. ھالبۇكى، «ھەزارەت» ئاتالغۇسى بولسا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق ئەمەستۇر. ئەگەر بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىغا كىرىدىغان بولسا يا «ھازارەت»، يا«ھەزەرەت» شەكلىدە بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاۋام قاتلىمىغا قەدەر يېيىلىپ يىلتىز تارتالىشى، ئەڭ مۇھىمى تىل تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلىشى مۇمكىن.

ھازىرقى مەۋجۇت ئەھۋالدىن ھالقىش، دۇنياغا يۈزلىنىش ئۈچۈن، نۆۋەتتە بىز «زامانىۋىلىشىش (مودېرنلىشىش / Modernization)» مەسىلىسىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز، بۇ مەسىلە مىللەتنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغان مەسىلىدۇر. زامانىۋىلىشىش، دۇنياۋى تەرەققىيات ئېقىمى ۋە يۈزلىنىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەرقلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئاز بولمىغان مەسىلىلەرنى پەيدا قىلماقتا. جۇڭگونى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، زامانىۋىلىشىش بىلەن مىللىيلىشىشنى قانداق بىرلەشتۈرۈش، زامانىۋىلىشىش بىلەن مىللىيلىشىشنىڭ بىرلىشىش نۇقتىسىنى قانداق تېپىپ چىقىش مەسىلىسى، ئومۇمەن جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي، كۇلتۇرەل قاتارلىق ھەر ساھەدە دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئاساسىي مەسىلىدۇر. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، زامانىۋىلىشىشنىڭ ئۇيغۇرلاردا ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قانداق مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقى ئۈستىدە توختىلىش (مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ چىقىپ، ئەڭ ئۈنۈملۈك رېتسىپلارنى كېسىش...) ئۇيغۇر ئىجتىمائىيەتچىلىرىنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيەتلىرىدىن بىرىدۇر.

كۈنىمىز دۇنياسىدا ياشاش كۈچى بار بولغان كۇلتۇرلەردە مىللىيلىك كۈنسايىن روشەنلىشىپ بېرىۋاتقان بولسا، ياشاش كۈچى ئاجىزلىغان ياكى پەرقلىقلىقىنى داۋام قىلدۇرۇش قۇۋۋىتى ۋە ئىرادىسىنى بوشاشتۇرغان كۇلتۇرلەردە مىللىيلىك سۇسلىشىپ يوقاۋاتقان، تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ئېيتقىنىمىزدا، مىللىيلىكى كۈچلۈك كۇلتۇرلەر ئىچىدە ئېرىۋاتقان مەنزىرە ئېنىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل سەۋەبلەر، خۇسۇسەن سىرتقى سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئۆزگە خاسلىقىنى يوقاتمىغان ئاساستا مىللىيلىكىنى قوغداپ، تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان، ئەمما داۋاملىق «سۈنئىي تورمۇزلاش» ۋە يۈنىلىشى «بۇرۇلۇپ» تۇرىدىغان كۇلتۇر مەنسۇپلىرى ئەگەر خاسلىقىدىن، ئۆزگىچىلىكىدىن ۋاز كېچىشنى ئويلىمىغىنىدا، سوتسىئولوگىيە ئىلمىدە مىللىي كۇلتۇر دەپ ئىسىم بېرىلگەن نەرسە ئۇلارنىڭ بۇ ئارمىنىغا دەرمان بولالايدۇ.

*ئىزاھات:*

*① يېقىنقى يىللاردىن بېرى تىلىمىزدا «مىللىي» سۆزى «ئۇيغۇر» بىلەن تەڭ مەنىدە ئىشلىتىلىشكە باشلانغانلىقى كۆرۈلمەكتە. بۇ سۈنئىي ئاتالغۇ بولۇش بىلەن بىرگە تامامەن خاتا، مەنتىقىسىز ۋە مەسئۇلىيەتسىز سۆز ئىشلىتىشتۇر. بۈگۈن ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ۋە شىنجاڭدىكى خەنزۇ تىلىدا ھەر خىل ئەندىكىش ياكى ئاڭسىزلىق بىلەن ۋە ياكى مەقسەتلىك ھالدا «ئۇيغۇر» ئورنىغا «مىللىي» ئىشلىتىلمەكتە. بۇ خىل خاتانى مەنتىقە ئىلمىدىن خەۋەردار، نورمال تەپەككۇر ئىگىلىرى تەكرارلىماسلىقى لازىم. ماقالىمىزدا كۆرۈلىدىغان «مىللىي كۇلتۇر» ئاتالغۇسى نۇقۇل ئۇيغۇر «مىللىي كۇلتۇرى»نى ئەمەس، كەڭ مەنىدىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مىللىي كۇلتۇرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر مىللىي كۇلتۇرى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولسا «مىللىي كۇلتۇرىمىز» ياكى «ئۇيغۇر مىللىي كۇلتۇرى» شەكلىدە ئىپادە قىلىنىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر مىللەتتە «مىللىيلىك» بولىدۇ.*

*② ئاپتورنىڭ «كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىغا سوتسىئولوگىيىلىك ئىزاھات»، «تۇرپان»، 2003 ـ يىل، 4 ـ سانغا قاراڭ.*

*③ ئىبراھىم كافەسئوغلى، «تۈرۈك مىللىي كۇلتۇرى»، ئىستانبۇل. ئۆتۈكەن نەشرىياتى1999 ـ يىل نەشرى، 16 ـ بەت.*

*④ خەنزۇ تىلىدىكى « 西部大开发 »نىڭ ئەمەلىي مەنىسىگە قارىغىنىمىزدا، يەنىلا «غەربنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش» دەپ ئېلىش توغرا بولسا كېرەك. ئۇشبۇ ئاتالغۇنىڭ غەرب تىللىرىدىكى تەرجىمىسىمۇ بۇ شەكىلدىرەك. ئەگەر «غەربنى ئېچىش» دېيىلگەندە، سەلبىي مەنە چىقىپ قالامدۇ قانداق؟ بۇنى زىيالىيلىرىمىز ئويلاپ كۆرسە بولىدۇ. غەرب ھەقىقەتەن ئېچىلىشقا تېگىشلىك ھېچ تەرەققىي قىلمىغان يەرمۇ؟ سېلىشتۇرۇڭ. بوز يەر ئېچىش.*

*⑤ رۇسلارنىڭ تۈركولوگىيە ئىلمىي تەتقىقاتىدا تۈرك تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن خېلى كۆپ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، تۈركولوگىيىدىن ئىبارەت بىلىمگە بەكلا ئېتىبار بېرىپ كېتىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسەتلىرىدىن بىرىنىڭ تامامەن سىياسىي بولغانلىقى ۋە كۆزقارىشى، ئەمەلىيىتى ئۆتمۈشكە نەزەر سالىدىغان بولساق ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. خۇسۇسەن ھازىرقى تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدىكى مۇھىم مەقسەتنىڭ بىرى، بۇ تىللار ئارىسىدىكى «پەرق»نىڭ تەتقىق قىلىنىشىدۇر. بۇ سەۋەپ تىلنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدىن بەكرەك قۇرۇلمىسى، گرامماتىكىلىق ھادىسىلىرى، مەسىلەن: كېلىشلەر، مەيللەر، مۇئەييەن رايوندىكى تىل ھادىسىسىنىڭ ئەدەبىي تىلدا ئومۇملاشتۇرۇلىشىدەك ھادىسىلەر ئۈستىدە بەكرەك توختالغان؛ تىلنىڭ ئىجتىمائىيلىقى، ئومۇمىي ئىستىقبالى، ياشاش كۈچى... قاتارلىقلار ئۈستىدە توختىلىنمىغان.*

*⑥ ئا. جالالىدىن، «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل نەشرى، 21 ـ بەت.*

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا)